يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# 9-نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 12-قېتىملىق دائىملىق كۆزىتىشى بويىچە كىرىپ ئورۇنلىشىش تاماملاندى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 12-ئاينىڭ 21-كۈنىگىچە، 9-نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 12-قېتىملىق كۆزىتىشى بويىچە يەتتە كۆزىتىش گۇرۇپپىسى 14 جاي، ئورۇنغا كىرىپ ئورۇنلىشىشنى تاماملىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، بۇ قېتىملىق كۆزىتىشتە بۈگۈر ناھىيەسى قاتارلىق تۆت ناھىيە (ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتى)، ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش-باشقۇرۇش نازارىتى قاتارلىق ئون نازارەت (ئىدارە، مەركەز، تەتقىقات يۇرتى)نىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا قارىتا دائىملىق كۆزىتىش قانات يايدۇرۇلىدۇ. يېقىندا، كۆزىتىلىدىغان رايون (ئورۇن)لار ئايرىم-ئايرىم ھالدا كۆزىتىش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى كۆزىتىلىدىغان رايون (ئورۇن)لار پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شۇجىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى. يىغىندا، ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلىپ، كۆزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەلەپكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10-، 11-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىش خىزمىتى فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي كۆزىتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيە كومىتېتى (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ فۇنكسىيەسى، مەسئۇلىيىتىنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى باسقۇچلۇق ئاساسلىق زىددىيەتنى چىڭ كۆزلەپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار»نى چىڭ كۆزلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىي يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئېغىر، زور خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈگىتىش قاتارلىق تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەيدۇ؛ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، پارتىيە كومىتېتى (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇجىنىڭ بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، بەنزە ئەزالىرىنىڭ «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرىنىڭ نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش، ئىستىل قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئەھۋاللىرىنى تۈزىتىشكە بولغان نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىدۇ؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى، ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ۋە كادىرلارنىڭ ۋەزىپە-مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىدۇ؛ كۆزىتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش قاتارلىق نازارەت قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەر ۋە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە تەكشۈرۈلگەن-كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرنى تۈزەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، كۆزىتىش، نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ھەرقايسى كۆزىتىلىدىغان رايون (ئورۇن)لار پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارارىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3-قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەڭ قەتئىي پوزىتسىيە، ئەڭ ياخشى ئىستىل، ئەڭ قاتتىق ئىنتىزام بىلەن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۆزىتىشى، نازارەت قىلىشنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى بىرلىكتە ياخشى تاماملايمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى كۆزىتىلىدىغان رايون (ئورۇن)لاردا 50 كۈن ئەتراپىدا خىزمەت قىلىدۇ. كۆزىتىش مەزگىلىدە مەخسۇس نۆۋەتچىلىك تېلېفونى (قوبۇل قىلىش ۋاقتى: ھەر كۈنى سائەت 10:00دىن 20:00گىچە) ۋە پوچتا خەت ساندۇقى تەسىس قىلىدۇ، ئاساسلىقى كۆزىتىلىدىغان رايون (ئورۇن)لار پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ھەم ئۇنىڭ ئەزالىرى، بىر دەرىجە تۆۋەن پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە مۇھىم ئىش ئورنىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسىلىسى ئىنكاس قىلىنغان خەت، تېلېفون، ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، سىياسىي ئىنتىزام، تەشكىلىي ئىنتىزام، پاكلىق ئىنتىزامى، ئاممىۋى ئىنتىزام، خىزمەت ئىنتىزامى ۋە تۇرمۇش ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پاش قىلىش ۋە ئىنكاسلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. كۆزىتىشنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسىگە تەۋە بولمىغان باشقا ئەرزىيەت مەسىلىلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە كۆزىتىلىدىغان رايون (ئورۇن) ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىدۇ. كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئەرزىيەت قوبۇل قىلىش ۋاقتى 2021-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە بولىدۇ.

### بىرىنچى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى:

بۈگۈر ناھىيەسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0996-4696534، پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى بۈگۈر ناھىيەسى A011-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

كورلا ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0996-2119000، پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى كورلا شەھىرى A012-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

### ئىككىنچى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى:

چەرچەن ناھىيەسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0996-7622125، پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى چەرچەن ناھىيەسى A010-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

چاقىلىق ناھىيەسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0996-7016865، پوچتا خەت ساندۇقى: شىنجاڭ بايىنغولىن ئوبلاستى چاقىلىق ناھىيەسى A001-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

### ئۈچىنچى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى:

ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش-باشقۇرۇش نازارىتى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-5190755، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A101-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرى باشقۇرۇش ئىدارىسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-5190525، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A103-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

### تۆتىنچى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى:

ئاپتونوم رايونلۇق ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى نازارىتى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-2201693، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A099-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-2202140، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A108-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

### بەشىنچى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى:

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-5880447، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A105-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-8800652، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A102-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

### ئالتىنچى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى:

ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈرلۈك گېئولوگىيە ئىدارىسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-7583067، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A106-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈرلۈك ئوت ئۆچۈرۈش قۇتقۇزۇش ئىدارىسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-7583899، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A107-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

### يەتتىنچى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىتىش ئوبيېكتى:

ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيەلىك قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش-ئېچىش ئىدارىسى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-4810960، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A104-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزى، نۆۋەتچىلىك تېلېفونى: 0991-6991655، پوچتا خەت ساندۇقى: ئۈرۈمچى شەھىرى A100-نومۇرلۇق پوچتا خەت ساندۇقى.

---

(بېشى 1-بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا ئادەم، ئاپتوموبىل، يول قاتارلىق قاتناش مۇھىم ئامىللىرى يۇقىرى خاندا ئېشىشنى ساقلىدى، 2020-يىلى 10-ئايغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ سانى 5 مىليون 370 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل 4 مىليون 730 مىڭغا يەتتى، شوپۇر 6 مىليون 970 مىڭ كىشىگە يېتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان تەلىپى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. قاتناش باشقۇرۇش يېڭى تەدبىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىلا 775 مىڭ شەخسىي ئاپتوموبىل ئالتە يىلغىچە تەكشۈرۈشنى كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولدى، 887 مىڭ موتورلۇق قاتناش ۋاستىسى ئون يىل ئىچىدە پەقەت ئىككى قېتىملا تەكشۈرۈش سۈپىتىغا چىقىشتەك قولايلىقتىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولدى.

«13-بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاپتوموبىل تەكشۈرۈش، شوپۇرلۇق ئىمتىھانى، نومۇر تاختىسىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇش ئاساسىدا، جەمئىي بەش تۈركۈمدە 54 تۈرلۈك «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، «قاتناش باشقۇرۇش 12123» APP سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ كەسىپ بېجىرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش مۇلازىمەت كۆزنىكىدە «بىر كۆزنەكتە ھەممىنى بېجىرىش» «بىر كىنىشكا بىلەنلا بېجىرىش» ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «بىر قېتىم ئۆچىرەتتە تۇرۇش، بىر قېتىمدىلا قوبۇل قىلىش، بىر قېتىمدىلا بېجىرىپ بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى «ئالاقە تورى + جامائەت خەۋپسىزلىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى» قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، «ئالاقە تورى + نوپۇس كەسپى» باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق ياراتتى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش ساھەسىدىكى 124 تۈرلۈك «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» خەلققە قولايلىق تەدبىرى ۋە 21 تۈرلۈك نوپۇس كەسپى، 42 تۈرلۈك قاتناش باشقۇرۇش مۇلازىمىتى، سەككىز تۈرلۈك چېگرادىن كىرىش-چىقىش خەلققە قولايلىق تەدبىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بەردى.

### زىددىيەت-ماجىرالار ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىندى

11-ئاينىڭ 20-كۈنى سەھەردە، كۇچا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى خانىقاتام سوت مۇرەسسەخانىسىدا، سوت كوللېگىيەسىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى ئەخمەت ھىممەت ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئاممىنىڭ زىددىيەت-ماجىراسىنى ھەل قىلىۋاتاتتى. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق، جاۋابكار مۇددەتكە بۆلۈپ پۇل تۆلەش ئۇسۇلى بويىچە بەش يىل ئىچىدە قەرزنى قايتۇرۇپ بولۇشقا قوشۇلدى ھەم كېلىشىم ئىمزالىدى. 2014-يىلدىن ھازىرغىچە، بۇ يەردە جەمئىي 3500دىن ئارتۇق دېلو مۇرەسسە قىلىنىپ، قاراپ چىقىلىپ، ئىجرا قىلىنىپ، ئاممىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى يېڭى دەۋردىكى «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»نى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مۇرەسسە خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، زىددىيەتنى دەۋادىن ئىلگىرى ھەل قىلىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش خىزمىتىگە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك قاتناشتى ۋە تۈرتكە بولدى، ماجىرانى كۆپ مەنبەلىك ھەل قىلىش مېخانىزمىنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش بىلەن ئورگانىك يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى. تۈرلۈك مۇرەسسە ئىشخانىسىدىن سوتچى ئىشخانىسىغىچە، «بۇلۇت»تا سوت ئېچىش سىستېمىسىدىن يېزا-كەنت سەييارە سوتىغىچە... ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ سوت ئاچتى، قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتىمۇ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى.

«13-بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش شەكىلدە ماجىرالارنى كۆپ مەنبەلىك ھەل قىلىش ۋە دەۋا مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلدى، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلەش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇردى، تۈرلۈك مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، مۇرەسسە، كېسىم، مەمۇرىي كېسىم، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش، دەۋا قاتارلىقلار ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇلدى، ئۆز-ئارا ماسلاشقان كۆپ مەنبەلىك ماجىرا ھەل قىلىش مېخانىزمى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 2018-يىلدىن ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى 106 «فېڭچياۋ شەكىلدىكى» سوت، 1486 سوتچى خىزمەت پونكىتى ياكى خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت پونكىتى، 56 سەييارە سوت قۇرۇپ، «سوت، پونكىت، نۇقتا، خادىم»دىن ئىبارەت تۆت بىر گەۋدىلەشكەن جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سۈپىسى بەرپا قىلدى.

### ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشكە تۈرتكە بولۇندى

11-ئاينىڭ 2-كۈنى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىنچېڭ كوچىسى كاڭجۇ مەھەللىسى ۋېنشىن گۈللۈكى ئولتۇراق رايونىدا، بىرنەچچە قېزىش ماشىنىسى بىرلا ۋاقىتتا مەشغۇلات قىلىپ، يەر ئاستى يۈندى يولىنى رېمونت قىلىۋاتاتتى. بۇ ئولتۇراق رايوننىڭ يۈندى يولىدا دائىم مەسىلە كۆرۈلىدىغان بولۇپ، بۇ يىل ئاھالىلەر «چوڭ مۈلۈك باشقۇرۇش كومىتېتى»نىڭ ۋېيشىن توپىدا بۇ ئىشنى ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىنكاس قايتۇرۇلدى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاقسۇ شەھىرى خەلق رايىغا ھۆرمەت قىلىش، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلققە پايدا يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە 104 قوشنا «كونا، كىچىك» ئولتۇراق رايونىنى بىرلەشتۈرۈپ 39 «تۇتاش» مۈلۈك باشقۇرۇش ئولتۇراق رايونى قىلىپ، 42 «چوڭ مۈلۈك باشقۇرۇش كومىتېتى»نى تەشكىللەپ قۇرۇپ، «مەھەللە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، چوڭ مۈلۈك باشقۇرۇش كومىتېتى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان، ئاھالىلەر قاتنىشىدىغان» جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى شەكىللەندۈردى.

ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار بەس-بەستە خىزمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق ياراتتى. قاراماي شەھىرى پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىدىكى ئىچكى قىسىمدا تەسىس قىلىنغان ئەسلىدىكى 13 ئاپپاراتنى «ئىككى ئىش باشقارمىسى، تۆت مەركەز»گە ئىخچاملىدى؛ سانجى شەھىرى «چوڭ خىزمەت كومىتېتى» خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن يېتەكلەش ئارقىلىق بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ ئاساسىي قاتلامغا «ھوقۇق بېرىپ فۇنكسىيەسىنى ئاشۇردى»؛ بۇرچىن ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى كەنت دەرىجىلىك «ئىككى خادىم» (كەنت ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كەنت رېۋىزىيە ئۇچۇرچىسى)نىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «كىچىك نازارەت قىلىش» ئارقىلىق «زور نەتىجە يارىتىش»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

بايلىق ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەندۈرۈلدى، بازا كۈچەيتىلدى. «13-بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، مەھەللە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئاساسىي قاتلامغا يۆتكەشكە تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش بىلەن جەمئىيەت تەڭشەش، ئاھالىلەر ئۆزى ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى ھەمتۈرتكە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتىكى «نېرۋا ئاخىرقى ئۇچى»نى راۋانلاشتۇرۇپ، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشنىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى.